يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات رايونلىرىدىكى كارخانىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى گەنچۈەنپۇ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، دانە ـ دانە گۈرۈچ چوڭلۇقىدىكى پولىپروپىلېن S2040 مەھسۇلاتى ئوراپ قاچىلىنىۋاتاتتى.

«بۇ خىل مەھسۇلاتنى توقۇلمىسىز رەخت ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ماسكا، مۇداپىئە كىيىمى، ئوپېراتسىيە كىيىمى قاتارلىق مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولىدۇ. بۇ قېتىم 3000 توننا ئىشلەپچىقاردۇق، بۇ، شىركىتىمىز بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش لايىھەسىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپچىقارغان ئەڭ يېڭى مەھسۇلات، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش سالمىقىنى زورايتىپ، تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى خام ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى شىركەت سۈپەت تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى گو ۋېي.

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات رايونلىرىدىكى كارخانىلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پائال ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، تۆر تۈرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى ياخشى تۇتتى.

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ گوتەي شىنخۇا كانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى ئورگانىك كەسىپ بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ئىشچىلار يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. سېخ مۇدىرى چېن خۇڭبىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە، ئورگانىك كەسىپ بۆلۈمى تەخمىنەن 140 مىڭ توننا BDO (1، 4 ـ بۇتانېدىئول) ئىشلەپچىقاردى، بۇ يىل گۇرۇھنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى تاماملاشتا مەسىلە يوق».

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، كورلا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا، كورلا بىڭجۇەن كىيىم تىكىش چەكلىك شىركىتىنىڭ ھەرقايسى ئاقما لىنىيەلىرىدىكى ئىشچىلار ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ زاكاز مالنى تەييارلاۋاتاتتى. بۇ يىل 9 ـ ئايدا، 80 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى بۇ كىيىم ـ كېچەكلەر سېتىۋالغۇچى ئورۇنغا تاپشۇرۇلىدۇ. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى لىۋ شياڭخۇڭ مۇنداق دېدى: «شىركىتىمىز تەرەققىيات رايونىدىكى توقۇمىچىلىق ساھەسى پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، زاكازلىق ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى پائال كېڭەيتتى، بۇ يىل مەھسۇلات قىممىتىمىز 170 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.» ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىڭجۇەن كىيىم تىكىش چەكلىك شىركىتى يىل ئاخىرىدا يېڭى زاۋۇت بىناسىغا كۆچىدۇ، 1500 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالايدۇ، يېڭى زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون يۈەن ئەتراپىغا، پايدا بېجىنى 15 مىليون يۈەن ئەتراپىغا يەتكۈزەلەيدۇ. تەرەققىيات رايونى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لىۇ چىن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل تەرەققىيات رايونى كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە پائال تۈرتكە بولدى، پۈتۈن يىلدا مالىيەدىن تەخمىنەن 80 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئۆسۈم ياردەمى مەبلىغى ئاجرىتىلىپ، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىغا «قان بېرىلىدۇ، ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلىنىدۇ».

بۇ يىل كۈيتۈن ـــ مايتاغ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى كۈچەيتتى، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇردى، باغچە رايونىدىكى كارخانىلار پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. شىنجاڭ شىڭدا ۋېيبى كۆپۈك سولياۋ يېڭى ماتېرىيال چەكلىك شىركىتىدە، كۆپۈكچان پولىستىرېن سىمولا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنىڭ ئايلىنىشى نورمال بولۇپ، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 200 تونناغا يەتتى. كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئازايمىدى، ئۈنۈمى تەدرىجىي ئېشىپ قايتا تۆۋەنلىمىدى. شىركەتنىڭ باش مۇدىرى لى يې مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، سىناق تەرىقىسىدە يۈرۈشتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، 9 ـ ئايدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشنى باشلاش پىلانلاندى».

ئالى بابا، جىڭدۇڭ قاتارلىق ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىدىكىلەر كورلىغا بېرىپ

# نەق مەيداندا 24 مىڭ توننا نەشپۈت زاكاز قىلدى

ئىختىيارىي مۇخبىر **جاۋ شۇاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، كورلا شەھىرىنىڭ 2020 ـ يىللىق نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۆدۈللاشتۇرۇش يىغىنىدا، ئالى بابا رەقەملىك يېزا ئىگىلىكى، جىڭدۇڭ ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق ئالتە ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى ۋە سېتىش سودىگەرلىرىنىڭ ۋەكىللىرى نەق مەيداندا 24 مىڭ توننا كورلا نەشپۈتىنى سېتىۋېلىشقا زاكاز بېرىپ، كورلا نەشپۈتىنى سىرتقا سېتىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

2020 ـ يىلى كورلا شەھىرىدە نەشپۈت ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 455 مىڭ مو، مېۋە ئېلىنغان كۆلەم 355 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي ھوسۇلى 500 مىڭ توننىدىن ئاشتى، تاۋار مېۋە ھوسۇلى مۆلچەرى 400 مىڭ توننا بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ھوسۇل، سۈپەتنىڭ قوش ئېشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

8 ـ ئايدىن بۇيان، كورلا شەھەرلىك ھۆكۈمەت «تەكلىپ قىلىپ كىرگۈزۈش» شەكلىنى قوللىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرى، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان سودا سارايى، تاللا بازىرى قاتارلىقلارنىڭ ۋەكىللىرىنى كورلا شەھىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا، بازار(مەيدان)لىرىغا بېرىشقا تەكلىپ قىلىپ، تەشۋىق قىلىش، كېڭەشىش، سۈپەتلىك ماركىلارنى تونۇشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۆدۈللاشتۇرۇش، توردا سېتىش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان كورلا نەشپۈتىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۆدۈللاشتۇرۇش ھالقىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سېتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، كورلا نەشپۈتىنىڭ سۈپەتلىك ماركا تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، كۆپلىگەن ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىدىكى سۈپەتلىك ماركىلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە سېتىش سودىگەرلىرىنىڭ ۋەكىللىرى كورلا شەھىرىنىڭ قارا يۇلغۇن يېزىسى، ئاۋات يېزىسى قاتارلىق كورلا نەشپۈتى ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، كورلا نەشپۈتىنىڭ كۆلىمى ۋە سۈپىتىنى ئىگىلىدى، ھەممە نەق مەيداندا زاكاز كېلىشىمى ئىمزالىدى. بېنلەي شېڭخو تورىنىڭ باش دىرېكتورى لىۋ يوۋسەي مۇنداق دېدى: «كورلا نەشپۈتىگە ئورگانىك ئوغۇت بېرىلىپ، سۈپىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆستۈرۈلۈپتۇ. بۇ يىل نەشپۈتنىڭ ياخشى سېتىلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل».

ئىسراپچىلىق نومۇس، تېجەشلىك بولۇش شەرەپ

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى

# تاماقنى، مىقدارنى ئايرىپ ئىسراپچىلىقنى مەنبەدىن توستى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: «بىز ئىككى ئايال يولداشقا بىر نان بولسىلا يېتىدۇ!» 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىنجاڭ خەلق سارىيى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ خىزمەتچىسى ئارزۇگۈل ئەبەي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدا تاماق ئېلىۋاتقاندا تاماق تەقسىملەۋاتقان خادىملارغا شۇنداق دېدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگان مۇلازىمەت مەركىزى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ غىزالىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان غىزالىنىش مىقدارىغا ئاساسەن، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ئۈچ خىل ئۆلچەمدىكى قاچىلىق تاماق بىلەن تەمىنلەپ، تاماقنى، مىقدارنى ئايرىش تەدبىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىق قىلمىشىنى مەنبەدىن توستى.

شىنجاڭ خەلق سارىيى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ ئاشپەزلەر باشلىقى تۇرسۇنجان تۇردى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئورگان ئاشخانىسىدىكى ئاشپەزلەر ئالدىن پىلانلاش، جەريانىنى مىقدارلاشتۇرۇش، نەتىجىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قاچا ـ قۇچىلارنى تاللاشنى ئىلمىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تېجەشلىك بولۇشنى ئاشخانىنىڭ كۈندىلىك تەمىنلەش جەريانىغا سىڭدۈردى».

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگان مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھەسەن ياسىن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئورگان ئاشخانىسى ئېھتىياجغا قاراپ سېتىۋېلىش ئاساسىدا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلالايدىغان يېشىل كۆكتاتچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئۇزاق مۇددەتلىك خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان تەرەپ قىلىپ تاللاپ، تەننەرخنى تىرىشىپ تېجەيدۇ؛ ئىسكىلات ئۆچۈرىنى مىقدارلاشتۇرۇش تۈزۈمى ئارقىلىق، خام ئەشيانىڭ ساقلانما مىقدارى، قالدۇق مىقدارىنى ھەرىكەتچان ئىگىلەپ، كۈندىلىك تەننەرخنى ھېسابلاش ئارقىلىق، خام ئەشيا تەننەرخىنى كونترول قىلىپ، زۆرۈر بولمىغان تەننەرخ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

«بىز ئۆلگىلىك رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇش ئىدىيەسىنى خىزمەت، تۇرمۇشنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە سىڭدۈرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى مەمۇرىيەت باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ئالىمجان مەتىمىن.

# «مىڭ مەكتەپ، ئونمىڭ ئىش ئورنى» ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا مۇلازىمەت قىلدى

توردا تەكلىپ قىلىشتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئانامەسىدىن 4015ى تۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لەخۇانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات مەركىزى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان «مىڭ مەكتەپ، ئونمىڭ ئىش ئورنى» توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت پەسلى يۈرۈشلۈك پائالىيىتى قوزغىتىلغاندىن بۇيان، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە، جەمئىي تەمىنلەنگەن ئىش ئورنى 95 مىڭ 700، توردا تىزىملاتقان خىزمەت ئىزدىگۈچى 19 مىڭ 300، تاپشۇرۇلغان قىسقىچە تەرجىمىھال 13 مىڭ 900 بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئانامەسىدىن 4015ى تۈزۈلگەن.

2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ «مىڭ مەكتەپ، ئونمىڭ ئىش ئورنى» ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بويىچە توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى رەسمىي تورغا چىقىرىلغان، بۇ، خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر بىلەن كارخانىلار ئارىسىدا قوش يۆنىلىشلىك ئالاقە سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈپ، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى دەل جايىدا ئۆدۈللاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ قېتىمقى توردا تەكلىپ قىلىشتا، يىغىنغا قاتناشقان كارخانىلارنىڭ سۇپا ئارقىلىق ئادەم ئىشلىتىشنى تىزىملىتىشى، ئىش ئورنى ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىشى قاتارلىقلار ھەقسىز بولدى؛ خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ سۇپا ئارقىلىق ئۇچۇر تىزىملىتىشى، قىسقىچە تەرجىمىھال ئېلان قىلىشى قاتارلىقلار ھەقسىز بولدى. مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن تەرەپ كارخانا ۋە خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنى دەل جايىدا، كۆپ مەنبەلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنى خىزمەت ئىزدەش، تەكلىپ قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى «يۈز كۆرۈشمەي» تاماملاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

توردا تەكلىپ قىلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى يەنە توردا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش دەرسىنى يولغا قويدى. «مىڭ مەكتەپ، ئونمىڭ ئىش ئورنى» توردا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش دەرسى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تورغا چىقىرىلغاندىن بۇيان، بەش قارارلىق تور پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 40 سائەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش دەرسى ئۆتۈلدى، بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 55 ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان 21 مىڭدىن ئارتۇق داشۆ ئوقۇغۇچىسىنى قاپلىدى، كۆرگەنلەر 41 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى

# شىنجاڭدىن چىقىدىغان كۆپلىگەن ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى يېڭىدىن ئاچىدۇ، ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى شىنجاڭدىن چىقىدىغان قىسمەن ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 9 ـ ئايدىن باشلاپ، يەنە شىنجاڭدىن چىقىدىغان كۆپلىگەن ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى يېڭىدىن ئاچىدۇ، ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى ئايرودۇرۇملارمۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن شىنجاڭدىن ئايرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس ئورنى تەسىس قىلىپ، مەكتەپكە قايتىش ئالاھىدە تېز مۇلازىمەت يېشىل يولى ئېچىپ، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن مەكتەپلەرگە قايتىدىغان يولۇچىلارنىڭ ئوڭۇشلۇق سەپەرگە چىقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، 168 يولۇچى ئولتۇرغان بىر نۆۋەتچى ئايروپىلان ئالتايدىن شىئەنگە قاراپ ئۇچتى، بۇ، جۇڭگو جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى شىركىتى ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان 14 ـ قېتىملىق شىنجاڭ ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە ھۆددىگە ئالغان ئايروپىلان. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى جەمئىي 2000دىن ئارتۇق شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپكە قايتىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى ئۈرۈمچى ـــ بېيجىڭ ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدە ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدىكى نۆۋەتچى ئايروپىلانلار بېيجىڭ داشىڭ ئايرودۇرۇمىغا قونىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى ـــ كۆكخوت ـــ چېڭداۋ قاتارلىق ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى لەنجۇۋ، خەيكوۋ، جېڭجوۋ قاتارلىق جايلارغا ئۇچىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يەنە ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجوۋ، خاڭجوۋ، چاڭشا، شيامېن، تيەنجىن قاتارلىق جايلارغا ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە كۈنىگە بىر نۆۋەت قاتنايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى ـــ لەنجۇۋ ـــ گۇاڭجوۋ بېرىش ـ كېلىش لىنىيەسىنى يېڭىدىن ئاچىدۇ، ھەر كۈنى بىر نۆۋەت قاتنايدۇ، بېرىش ـ كېلىشتە 360تىن ئارتۇق ئورۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شيامېن ئاۋىياتسىيەسى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىن تيەنجىن، شيامېن، چاڭشا، خاڭجوۋدىن ئىبارەت تۆت جايغا ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ـــ يىنچۈەن ـــ فۇجوۋ ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدە ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن جىنەن، چۈەنجوۋ، جېڭجوۋ، فۇجوۋغا ئۇچىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.



**سۈزۈك سۇدا ئاق پەي جۇلاسى**

**8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى قاينۇق يېزىسىنىڭ چوڭبۇلاق كەنتىدىكى بىر پارچە سۈلۈق يەردە، بىر توپ غاز سۈپسۈزۈك سۇدا ئوزۇقلۇق ئىزدىمەكتە. بۇ كەنت سۇ، ئورمان، ئوتلاق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، نامرات كەنت ئاھالىلىرىنى غاز بېقىش قاتارلىق ئېكولوگىيە باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلىدى. □ چېن خەيبىن فوتوسى**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)